


# دولان دەرياسى ئىتتىپاقلىق مۇھەببىتىنى سۇغىرىپ ياشناتتى

## ـــــ ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر

قىشتىكى دولان دەرياسى شىرىلداپ ئېقىپ، ئىككى قىرغاقتىكى مەنزىرىلەرنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى ھەر مىللەت شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق مۇھەببىتىگە گۇۋاھ بولماقتا.

ئاپتونوم رايون «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك شەھەر» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ئاقسۇ شەھىرى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى «مەركەزداش چەمبەر» سىزغانسېرى چوڭايدى.

ئاقسۇ شەھىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك شەھەر» «جۇڭگو ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شەھەر» «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك شەھەر» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاقسۇ شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىپ، قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچنى ئۇرغۇتماقتا.

### ھەمكارلىشىپ ئىتتىپاقلىق ناخشىسىنى ياخشى ئېيتىش

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ لەڭگەر كوچا باشقارمىسى چاۋياڭ مەھەللىسىگە كىرسىڭىز، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇدۇلمۇئۇدۇل قوشنا ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان مەنزىرىنى ھەممىلا يەردە كۆرەلەيسىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ شەھىرى شەھەر، يېزا مەھەللىلىرىنى سۇپا قىلىپ، ئىشنى ئولتۇراقلىشىش، تۇرمۇش، خىزمەت، ئۆگىنىش، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق كۈندىلىك ھالقىلاردىن باشلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاۋياڭ جايىۋەن، يىخىي لاڭچىن قاتارلىق 59 ئۆزئارا گىرەلەشكەن مەھەللە بەرپا قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشنى سىجىل ئىلگىرى سۈردى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناشتىدىن كېيىن، چاۋياڭ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ئەركىن قادىر قوشنىسى ۋاڭ يىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ كەلدى. 60 ياشلىق ئەركىن بىلەن 82 ياشلىق ۋاڭ يىڭ تونۇشقان بەش يىلدىن بۇيان، ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن، ئىجىل ـ ئىناق بولدى، چاغان، بايراملاردا دائىم بىللە جەم بولدى.

بەش يىل ئىلگىرى، ئەركىن ۋاڭ يىڭ شىياڭخۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغان ئاشۇ چاغدىن باشلاپ، ئىككىسى دائىم كېلىشىۋېلىپ بىللە رېپېتىتسىيە قىلدى.

«مەن تېكىستىنى يازىمەن، ئىنىم ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، بىز بىر جۈپ ياخشى ھەمراھلار» دېدى ۋاڭ يىڭ.

بۇ يىل ۋاڭ يىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى خەلق ناخشىسىدىن پايدىلىنىپ «19 ـ قۇرۇلتايغا مەدھىيە»نى ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى، ۋاڭ يىڭ باش بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا مەسئۇل بولدى، ئەركىن ئەرخۇ چېلىپ تەڭكەش قىلىشقا مەسئۇل بولدى، شىياڭخۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئۇسسۇل رېپېتىتسىيە قىلدى. تونۇشۇپ ھازىرغىچە، ۋاڭ يىڭ بىلەن ئەركىن بىرلىكتە 12 ناخشا ئىجاد قىلدى.

«ئاكام بىلەن بىرلىكتە تېخىمۇ كۆپ ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيەلەيدىغان ناخشىلارنى ياڭرىتىمىز» دېدى ئەركىن.

### ساقلانما بۇيۇملار قىزىل ئەسلىمىلەرنى بايان قىلدى

ناخشا پىلاستىنكىسى، كىتاب، گېزىت ـ ژورنال، ئىزناك... چاۋياڭ مەھەللىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە بازىسىدا، 2000غا يېقىن ساقلانغان «قىزىل ئەسلىمە» بۇيۇمى كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان بولۇپ، يېرىمى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مەھەللە ئاھالىسى ساۋ گاڭچى بىر يىغىپ ساقلىغۇچى بولۇپ، ئۆيىدە 8000دىن ئارتۇق ساقلانما بۇيۇم بار. بۇ يىل مەھەللە مەخسۇس مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە بازىسى بەرپا قىلىپ، ساۋ گاڭچىنىڭ ساقلانما بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلدى، ئۇ ھەقسىز چۈشەندۈرگۈچى بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەھەللىنىڭ 62 ياشلىق ئاھالىسى ئەركىن قادىر دائىم بۇ يەرگە كېلىپ كونا بۇيۇملارنى كۆرۈپ، قىزىل كلاسسىك ئەسەرلەرنى قايتا ئەسلەيدۇ. «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز پۇقرالارنى بەختكە ئېرىشتۈردى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ، كۈنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بىز نەپىنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى، نەپىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، چىن قەلبىمىزدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك» دېدى ئەركىن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاقسۇ شەھىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيە ۋە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇشقا، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى كىشىلەر قەلبىدىن كۈنسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى.

### كونا كوچىدا «يېڭى ۋاڭسەن»لەر بارلىققا كەلدى

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتە، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ خۇڭچياۋ كوچا باشقارمىسى خۇڭچياۋ مەھەللىسىگە جايلاشقان ۋاڭسەن كوچىسىدا، دىيارىم ئاشخانىسىنىڭ لاۋبىنى ئەكبەر تۇرسۇن تۇغقىنى لى شۇچۈن بىلەن بىللە مەززىلىك تائاملارنى تېتىۋاتاتتى. «ئاشخانىمىز يېڭىدىن بىرنەچچە خىل قورۇما چىقاردى، بۈگۈن دەل ھەپتە ئاخىرى، ئىككىمىز بىرلىكتە تېتىپ باقتۇق» دېدى ئەكبەر.

تۆت يىل ئىلگىرى، ئەكبەر بىلەن لى شۇچۈن تۇغقان بولدى. مېڭە ئۆسمىسىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى سەۋەبىدىن، لى شۇچۈن ئىزچىل ئۆيىدە دەم ئېلىپ داۋالىنىۋاتاتتى. ئەكبەر ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى. «بۈگۈنكى كۈندە مېھرىمىز بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ قالدۇق» دېدى ئەكبەر.

ۋاڭسەن كوچىسى يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق «قەلبداشلار كوچىسى». بۇ 100 يىللىق كونا كوچىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر داستان تارقالماقتا: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، تيەنجىنلىك سودىگەر ۋاڭ فۇسەي ئاقسۇدا بىر ئۇيغۇر ئوغۇل بالىنى بېقىۋېلىپ، ئىسمىنى ۋاڭ سەنگە ئۆزگەرتكەن. ۋاڭ سەن بېقىۋالغان دادىسىغا ئەگىشىپ تىجارەتچىلىكنى ۋە جۇڭيى تېبابىتىنى ئۆگەنگەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاقسۇدا بىر بازار قۇرغان، كىشىلەر ئۇنى ۋاڭسەن كوچىسى، دەپ ئاتىغان.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بۇ 100 يىللىق كونا كوچىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇپ، نۇرغۇنلىغان «يېڭى ۋاڭسەن»لەرنى بارلىققا كەلتۈردى. كوچىدىكى تىجارەتچىلەر يېقىن ئەتراپتىكى شىڭلۇك كوچىسىدىكى خەنزۇ تىجارەتچىلەر بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى، نۆۋەتتە، قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇش پائالىيىتى يەتتە قېتىم قانات يايدۇرۇلدى، 197 تىجارەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بار بولدى، ھەربىر قوشماقلاشقان تىجارەتچىنىڭ بىر تۈپ قوشماقلىشىپ قەلبداش بولۇش دەرىخى، «مۇنەۋۋەر تىجارەتچىلەر قوشماقلىشىپ ئۈلگە كۆرسىتىش دۇكىنى» دېگەن ئىسىملىك تاختىسى، قوشماقلاشقان پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىر پارچە سۈرىتى بار بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر كەڭ ئالاقىلىشىپ، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇپ، چوڭقۇر يۇغۇرۇلدى.

بۇ يىل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ۋاڭسەن كوچىسىدىكى تىجارەتچى جاۋ بىن مەھەللىگە 13 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى نۆۋەتچىلىك قاراۋۇلخانىسى ياردەم قىلدى، بىرىنچى ۋاقىتتا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش 1 ـ سېپىدىكى خادىملارغا 60 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماسكا ھەم تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلدى؛ ئابلىمىت مەمەت شىنجاڭغا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىنى پاناھ تارتىپ كەلگەن مۇ رۇڭگۇاڭنى ئىش ئورنى ۋە تۇرىدىغان جاي بىلەن تەمىنلىدى... ۋاڭ سەن كوچىسىدىن ئىبارەت بۇ «نام كارتىسى»نىڭ تۈرتكىسىدە، ئاقسۇ شەھىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان يېڭى دەۋردىكى «ۋاڭسەن»لەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.



**12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ساۋ گاڭچى (سولدىن 1 ـ كىشى) ئاقسۇ شەھىرىنىڭ چاۋياڭ مەھەللىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە بازىسىدا ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەن تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرگە ئۆزى يىغىپ ساقلىغان كونا بۇيۇملارنى تونۇشتۇرماقتا.**

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىي لۇڭ فوتوسى**

مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

# زاۋۇت سېخلىرىدا مۇشۇنداق مۇداپىئەلىنىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **سۈڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش دائىملاشقان ئەھۋالدا، زاۋۇت سېخلىرى قايسى مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؟ 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەر مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: زاۋۇت سېخلىرىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ساغلاملىق مۇداپىئەلىنىش تەلەپىگە ئەمەل قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى دېزىنفېكسىيەلەش ۋە كېسەل ۋاستىسى جانلىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى چېن مىن مۇنداق تونۇشتۇردى: زاۋۇت سېخلىرىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار مۇھىم باشقۇرۇش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك، ئالدى بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە ئاساسەن، مۇكەممەل خىزمەت تۈزۈمى ۋە ئىچكى باشقۇرۇش لايىھەسى تۈزۈپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە ئىنچىكىلەشتۈرۈشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاشنى ياخشى ئىشلەپ، قول يۇيۇش قاتتىق دېتال شارائىتىنى ياخشىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سېخ، زاۋۇت ئۆيى ئىمارەتلىرى ھەم ھويلىغا كىرىش ـ چىقىش ئېغىزلىرىدا دائىملاشقان باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئورنىتىشى كېرەك.

كۈندىلىك خىزمەت جەريانىدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى قەرەللىك ئۆلچەپ، ئىدارە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى شەخسىي سالامەتلىك ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىش كېرەك، ئەگەر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردە قىزىش، ماغدۇرسىزلىنىش، يۆتىلىش، گېلى ئاغرىش قاتارلىق بىئارام بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئىشقا كەلگەن خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە نۆۋەتچىلىك، ئىسمىنا ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش كېرەك. سېختا ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشنى ساقلاش كېرەك، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىغا ئالاھىدە تەلەپ قويۇلغانلىرى شۇ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىۋى لازىمەتلىكلەر سايمانلىرىنى تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك سايمانلىرى، ئۈسكۈنە كۇنۇپكىلىرى، ياندىش ئەسلىھەلەر قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك. شارائىتى بارلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كېيىم يۆتكەش ئۆيى، يۇيۇش ئۆيى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. سېخ، زاۋۇت رايونى مۇھىتىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ، ئەخلەتلەرنى ۋاقتىدا تازىلاش كېرەك. كوللېكتىپ غىزالىنىدىغاندا مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىشقا دىققەت قىلىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئايرىم غىزالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇش، دېزىنفېكسىيەلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. سېخ ۋە ئاممىۋى رايون قاتارلىقلارنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇنلىرىغا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى ۋە ئالاقىدار ساغلاملىق بىلىملىرى تەشۋىق قىلىنغان ئەسكەرتمىلەرنى چاپلاپ، ساغلاملىق تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن مىن مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، قىزىش ياكى نەپەس يولى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن، بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىلدە نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەل ئاغرىقى بىلەن زىچ ئۇچراشقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈشى، كېسەل تۇرۇپ ئىشقا بارماسلىقى كېرەك. ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا ياكى ئادەملەر زىچ توپلاشقان سورۇنلارغا بارغاندا، شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىشى ھەم تۇرۇش ۋاقتىنى ئازايتىشى كېرەك. سېخ، كىيىم يۆتكەش ئۆيى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى قاتارلىق خادىملار بىرقەدەر زىچ توپلاشقان رايونلاردا، باشقىلار بىلەن بىر مېتىردىن كۆپرەك ئارىلىق ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. كەسپىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش، شەخسىي تازىلىقنى ساقلاش، خىزمەت كىيىمى پاكىز بولۇش، قولنى پات ـ پات يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك. قول پاكىزلىقىنى ساقلاش، خىزمەت مەزگىلىدە ئېغىز، بۇرۇن، كۆزنى تۇتماسلىق كېرەك. ئاممىۋى بۇيۇم ياكى بۇلغىنىش ئېھتىمالى بولغان باشقا بۇيۇملار بىلەن ئۇچراشقاندا ھەمدە غىزالىنىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەزمەن قولنى يۇيۇش ياكى يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز دېزىنفېكسىيە دورىسى بىلەن ئىككى قولنى دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك. نەپەس يولى تازىلىقى قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، نەپەس يولى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەندە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسكا تاقاش، يۆتەلگەندە، چۈشكۈرگەندە ئېغىزنى جەينەك ياكى قەغەز بىلەن توسۇۋېلىش كېرەك. ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرمەسلىك، ئېغىز، بۇرۇن ئاجرالمىلىرىنى قەغەز بىلەن ئوراپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەمەلىي ئىش بېجىرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت «بەش قەدەم بويىچە مېڭىش» تەدبىرىنى قوللىنىپ، كۆزنەك تەسىس قىلىشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاشنى 30 خىزمەت كۈنىدىن نۆۋەتتىكى بىر سائەتتە بېجىرىپ بولۇشقا قىسقارتتى.

«بىز كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاشقا چېتىلىدىغان ئۆي باشقۇرۇش، باج، ئۆلچەش ـ سىزىش شىركىتى، كۆچمەس مۈلۈك، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات قاتارلىق تارماقلارنىڭ كۆزنەكلىرىنى تۈرگە ئايرىپ رەتلەپ، كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت رايونىنى بىرىكتۈرۈپ تەسىس قىلىپ، كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاپ بېجىرىشتە ۋاقىت ئۇزاق، چېتىلىدىغان تارماقلار كۆپ بولۇش، ئامما ئىككى تەرەپكە قاتراش، كۆپ تەرەپكە قاتراش، بىرىپ كېلىپ قاتراشتەك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلدۇق.» ئۇنسۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسى مەركىزى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ جۈنچى مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، مەركىزىمىزگە 40 ئورۇن ئورۇنلىشىپ، 71 كۆزنەك تەسىس قىلىپ، مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرىدىن 1132نى، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت تۈرىدىن 216نى بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالدى.

ئۇنسۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسى مەركىزى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسى ۋە كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەخسۇس تورىنىڭ بېجىرىش سۇپىسىغا تايىنىپ، كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش كۆزنىكى ۋە ئۆي ـ مۈلۈك سودىسى كۆزنىكىدە «قوش ئاپپارات ئەندىزىسى»نى يولغا قويۇپ، ئىشلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، تەرتىپنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ماتېرىيالنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئارقىلىق «ئالاقە تورى + ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى» سۇپىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تور توسۇق نۇقتىلىرىنى راۋانلاشتۇردى.

«قېلىپلىشىپ قالغان ‹قوبۇل قىلىش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش› تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، ھەم تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق، ھەم ئىش بېجىرىدىغان ئاممىنىڭ ۋاقتىنى تېجىدۇق.» ئۇنسۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسى مەركىزى كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش كۆزنىكىنىڭ خىزمەتچى خادىمى پاتىگۈل ھۈسەن مۇنداق دېدى: «بەش قەدەم بويىچە مېڭىش» ئاممىغا زور قولايلىق يارىتىپ، ئاممىغا ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى ئۈنۈم، قولايلىقنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرغىچە، ئۇنسۇ ناھىيەسىنىڭ كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش كۆزنىكىدە بېجىرىلگەن كەسىپ جەمئىي 4522 بولۇپ، ئاممىنىڭ جەمئىي 13 مىڭدىن ئارتۇق خىزمەت كۈنى تېجەپ قېلىنىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)